# ئىران ئۇرۇشى خىتاي-ئامېرىكا رىقابىتىدە قانداق قىلىپ خىتاي ئۈچۈن «ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ھەممە ئىشنى قىلىش» (无为而无不为) مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ؟

مەۋلان تەڭرىقۇت

(2026-3-16)




بۇ يازمىدا ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ ئىرانغا قاراتقان ھۇجۇمىنىڭ مەيلى ئۇزۇن داۋاملاشسۇن ياكى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاخىرلاشسۇن، خىتايغا «ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ھەممىنى قىلىش» (无为而无不为) مۇھىتى يارىتىپ بېرىدىغانلىقى تەھلىل قىلىنىدۇ.

«ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ھەممىنى قىلىش» خىتاي سىياسەت پەلسەپىلىرىنىڭ بىرى بولغان تەرىقەتچىلىك ياكى لاۋزىچىلىق (道家) نىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ، ھۆكۈمدار شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىنى ئىگىلىگەن ھالدا ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان سىياسەت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمدار جىمجىت ھەرىكەت قىلىدۇ، كۆرۈنمەيدۇ، بىۋاستە توقۇنۇشتىن يىراق تۇرىدۇ ۋە «يۇمشاق» (柔) بولىدۇ. غەلىبە قىلىش ئۈچۈن قاتتىق توقۇنۇشقا كىرىشنىڭ ئورنىغا، غەلىبىگە باشلايدىغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى بەرپا قىلىدۇ. مانا بۇ مۇھىت بەرپا قىلىنغاندا ھۆكۈمدارنىڭ بىر ئىش قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئىشلار ئۆزلىكىدىن يولىغا چۈشىدۇ، يەنى ھۆكۈمدار پىلانلىغان نۇقتىغا كېلىدۇ.

مەسىلەن، ئەڭ ئاددىيسى، ھەر قانداق ھاكىمىيەت بارلىققا كېلىدۇ، كۈچىيىدۇ ۋە ئاخىرىدا يوق بولىدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەت. ئەڭ كاتتا غەلىبە سۈنزى ئېيتقاندەك، ئۇرۇشقا كىرمەي تۇرۇپ قىلىنغان غەلىبىدۇر. بۇنى ئەڭ ئاز زىيان بىلەن قىلىنغان غەلىبە دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، كۈچلۈك رەقىبكە بويسۇنغان بولۇپ كۆرۈنۈش، ئاجىز ۋاقتىدا ھۇجۇم قىلىش ياكى بىر ئامىللار بىلەن ھالاكىتىنى تېزلىتىش ۋەياكى ھېچ ئىش قىلماي ھالاك بولۇشىنى كۈتۈش يەنىلا غەلىبىگە ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، تارىختىكى ختاي سۇلالىلىرى بىلەن شىمالدىكى ھون، تۈرك، ئۇيغۇر، قىتان، موڭغۇل قاتارلىق يايلاق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنلىككە ئائىت كۆپ مىساللار بار. بۇ يايلاق مىللەتلىرى جەڭگە ماھىر بولۇپ، ختاي يۈزمۇ-يۈز جەڭ مەيدانىدا كۆپىنچە ۋاقىتتا مەغلۇپ بولىدۇ. ئەمما يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئاجىزلىقى بولسا ھاكىمىيەتلەرىنىڭ ئۆمرى قىسقا، ئاسان ئىچكى بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ، بىر-بىرى بىلەن تولا ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇنداقلا ياشىغان جۇغراپىيەسى بىر قەدەر ناچار بولۇپ، تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدۇ. مانا بۇ شىمالدىكى ھاكىمىيەتلەرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى «تەبىئىي قانۇنىيەت». ختاي بۇنىڭ ئۈچۈن: 1) بۇ مىللەتلەرنى كۈشكۈرتۈپ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدۇرىدۇ، ياكى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىنى كۈتىدۇ؛ 2) ئىچكى بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن بىر قاتار ھىيلە-نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سالىدۇ؛ 3) تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ ئاجىزلاپ كەتكەندە ھۇجۇم قىلىدۇ؛ 4) ياكى ھېچ ئىش قىلماي بۇ يايلاق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئۆزلىكىدىن ھالاك بولۇشىنى كۈتىدۇ. چۈنكى ختاي ھاكىمىيەتلىرى ئادەتتە ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرىدۇ ۋە يايلاق ھاكىمىيەتلىرىگە باش ئەگىپ چىداپ تۇرسا بولىدۇ. مانا بۇ تەبىئىي قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ ئۇنىڭغا كۆرە ھەرىكەت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا رەقىب بىلەن بىۋاستە ئۇرۇش قىلمىسىمۇ ياكى ئۇرۇشنى چەكلىك دائىرىدە قىلىپمۇ غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. ختاي تارىخىغا قارايدىغان بولساق، بۇ خىل تاكتىكىلارنىڭ شىمالدىكى مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئاساسىي تاكتىكا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

كۈنىمىزدە ختاي-ئامېرىكا دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىق تالىشىۋاتقان ئىككى چوڭ كۈچ. ئامېرىكىنىڭ 2000-يىللاردىن بېرى يەر شارى مىقياسىدا ئۇرۇش قىلىشى بىلەن ختاينىڭ (قىسقا مەزگىللىك ۋيېتنام ئۇرۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ھېچقانداق ئۇرۇشقا كىرمەستىن تىنچ شەكىلدە تەرەققىي قىلىشى ختاي-ئامېرىكا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدا زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماقتا. بولۇپمۇ ئافغانىستان، ئىراق ۋە سۈرىيە ئۇرۇشىدا كۈچى خورىغان ئامېرىكىنىڭ ئەمدى ئىراندا يېڭى بىر ئۇرۇشقا كىرىشى، ختاي ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ كۈچىنى ئۆزىگە كېلىشتىن بۇرۇنلا خورىتىۋېتىدىغان خەلقئارالىق مۇھىت ياراتماقتا. بۇ ختاي ئۈچۈن «ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ھەممىنى قىلىدىغان» شارائىت ياراتماقتا. بۇ يازمىدا «ئىران ئۇرۇشى داۋام قىلسا» دېگەن ئىلمىي ھۆكۈم (hypothesis) بىلەن، بۇ ئۇرۇشنىڭ ختاي ئۈچۈن قانداق پايدىلىق شارائىت يارىتىدىغانلىقى تەھلىل قىلىنىدۇ.

باشتىكى يازمىمىزدا ختاينىڭ خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى رامكىسىدىن قارىغاندا، ئىراننىڭ بەك مۇھىم ئىتتىپاقداش ئەمەسلىكىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. يەنى ئىران ئومۇمىي جەھەتتىن تېپىلماس شېرىك ئەمەس، ئەمما بۇ «بەك مۇھىم ئەمەس»لىك ختاي ئۈچۈن ئەھمىيىتى يوق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىران ختاي ئۈچۈن ئامېرىكا بىلەن بولغان گېئو-پولىتىكىلىق ۋە دۇنياۋى لىدېرلىق رىقابىتىدىكى مۇھىم ئىتتىپاقدېشىدۇر. مانا بۇ جەھەتتىن كۆپ قىممىتى بار ۋە قوللانغىلى بولىدىغان بىر دۆلەتتۇر. ختاي ئىرانغا، بولۇپمۇ ھازىر داۋام قىلىۋاتقان ئىران ئۇرۇشىغا مانا بۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ ياردەم قىلىدۇ.

بۇ يەردىكى ياردەم ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىدىكى ناتو، ياۋروپا ئىتتىپاقى ياكى «بەش كۆز» ( Five Eyes) دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، بىر دۆلەت ھۇجۇمغا ئۇچرىسا باشقىلار ياردەم بېرىدىغان بىر ئىتتىپاق ياردىمى ئەمەس.

ھەتتا خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، خىتاينىڭ ئىران خەۋپسىزلىكىگە كۆرسەتكەن قوللىشىنىڭ چەكلىكلىكى 2025-يىلى ئىيۇندا ئاشكارىلانغان ئىدى. ئامېرىكا ئىراننىڭ يادرو بازىلىرىغا زەربە بەرگەندىن كېيىن، بېيجىڭنىڭ ئىنكاسى پەقەت سۆز يۈزىدىلا قالغان ئىدى. خىتاينىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فۇ سوڭ بۇ ھۇجۇمنى ب د ت نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلىش دەپ ئەيىبلىدى؛ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بولسا ئىران تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن تېلېفونلاشقاندا، خىتاينىڭ «ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىقىنى بەرپا قىلغۇچى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى» بولۇشقا قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمما ئوچۇق ھەربىي ياردەم بەرمىدى. چۈنكى دىكتاتۇر ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بىر قارارغا كېلىش قىيىن، شۇنداقلا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچى دېموكراتىك دۆلەتلەردىن تۆۋەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمبارگوسىغا ئۇچراشتىن قورقىدۇ. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بىلەن BRICS دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەمكارلىقى پەقەت ئىقتىسادىي سەۋىيەدىلا توختاپ قالماقتا. بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئوتتۇرىسىدىكىدەك ھەقىقىي ئىشەنچ ياكى ئورتاق قىممەت قارىشى يوق، پەقەت «ئورتاق دۈشمەن»لا بار. مەۋجۇت خەلقئارا سىستېمىغا بولغان نارازىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇنداق گۇرۇھلار سىرتقى بېسىم ئاشقاندا ياكى مەنپەئەت زىياندىن كىچىك بولغاندا ئۆزىنىڭ يولىغا مېڭىپ كېتىدۇ.

ئىراننىڭ خىتايغا بولغان مۇھىملىقى ۋە خىتاينىڭ ئىرانغا ئاشكارا ھالدا ھەربىي ياردەم بەرمەيۋاتقانلىقى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، ترامپنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىدە دۆلەت خەۋپسىزلىكى مەسلىھەتچىسىنىڭ مۇئاۋىن ياردەمچىسى بولغان مەت پوتتىنگېر (Matt Pottinger) ئىران ئۇرۇشىنى خىتاينىڭ غەربنى ۋە ئامېرىكىنى ئاجىزلىتىش ئىستراتېگىيەسىگە زەربە بېرىش دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بېيجىڭ ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچىگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان، ۋاشىنگتون ۋە ئۇنىڭ دېموكراتىك ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ دىققىتىنى ھەم بايلىقىنى خورىتىدىغان، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ ئابرويىنى يەر شارى مىقياسىدا تۆۋەنلىتىدىغان دىكتاتۇر ۋاكالەتچى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىسىدۇر. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇپمۇ رۇسىيە، ئىران ۋە شىمالىي كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىر «قالايمىقانچىلىق ئوقى» (Axis of Chaos) نى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، خىتاي بۇ ئوق مەركىزىنىڭ مەركىزىدە تۇرىدۇ. بۇ «قالايمىقانچىلىق ئوقى» غا بۇرۇنقى سۈرىيە ھۆكۈمىتى ۋە ۋېنېسۇئېلامۇ كىرەتتى.

خىتاي بۇ دۆلەتلەر بىلەن ھەر خىل شەكىلدىكى مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك بۇ «ئوق» دۆلەتلىرى ئارىسىدا خىتاي رۇسىيە بىلەن چەكسىز ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە، ئەمما رەسمىي ھەربىي مۇداپىئە كېلىشىمى يوق. ئىران بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ئىقتىسادىي ۋە ئېنېرگىيە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، ھەربىي ھەمكارلىق تىجارەت رامكىسىدا، يەنى ئىككى تەرەپ خالىسا خىتاي قوراللىرىنى ئىرانغا سېتىپ بېرىدۇ. ۋېنېسۇئېلا بىلەنمۇ ئاساسەن ئوخشاش شېرىكلىك مۇناسىۋىتى بار. پەقەت شىمالىي كورېيە بىلەن ھەربىي مۇداپىئە ئەھدىنامىسى (Defense Pact) بولۇپ، بۇ 1961-يىلى ئىمزالانغان، 2021-يىلى شى جىنپىڭ ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەنىلا كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان. بۇ خىتاينىڭ بىردىن-بىر رەسمىي ھەربىي ئىتتىپاقى ھېسابلىنىدۇ. مۇداپىئە ئەھدىنامىسى بىر خىل شەرتنامە ياكى ھەربىي ئىتتىپاق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىمزا قويغۇچى تەرەپلەر بىر-بىرىنى ھەربىي جەھەتتىن قوللاشقا ۋە بىر-بىرىنى قوغداشقا ۋەدە بېرىدۇ. ئادەتتە، ئىمزا قويغۇچى دۆلەتلەر تەھدىتلەرگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرىدۇ. شىمالىي كورېيە بىلەن رۇسىيە ئوخشاش كېلىشىمنى 2024-يىلى ئىمزالانغان.

| دۆلەت | ختاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تىپى | قىسقىچە چۈشەندۈرۈش |
|---|---|---|
| روسىيە | «چەكسىز» ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق | رەسمىي ھەربىي ئىتتىپاق شەرتنامىسى يوق. ئەمما سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ساھەدە يېقىن ھەمكارلىق بار. |
| ئىران | ئىستراتېگىيىلىك ئىقتىسادىي ۋە ئېنېرگىيە ھەمكارلىقى | نېفىت ۋە گاز سودا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقتىسادىي كېلىشىملەر ۋە ئۇل ئەسلىھە لايىھەلىرىدىكى ھەمكارلىق. |
| شىمالىي كورىيە | رەسمىي قوغدىنىش ئىتتىپاقى | 1961-يىلى «دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە ئۆز-ئارا ياردەم ئەھدىنامىسى» ئىمزالانغان. بۇ ختاينىڭ بىردىن-بىر رەسمىي ھەربىي ئىتتىپاقى ھېسابلىنىدۇ. |
| ۋېنېسۇئېلا | ئىستراتېگىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق | نېفىت، مەبلەغ سېلىش، ئېنېرگىيە ۋە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ساھەلىرىدە ھەمكارلىق. |

بۇ ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئارىسىدا سۈرىيەدە ھاكىمىيەت تەلتۆكۈس ئالماشتى. ۋېنېسۇئېلادا رەھبەرلىك يىمىرىلدى. رۇسىيە ئۇكرائىنادا ئۇرۇش بىلەن ئالدىراش؛ ئىران بولسا ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمى سەۋەبلىك ھەم ھەربىي ۋە رەھبەرلىك جەھەتتە، ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتە زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىلدى. پەقەت شىمالىي كورىيە مۇقىم ھالەتتە تۇرماقتا.

شۇنداقتىمۇ پوتېنتسىيەلىك ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشنى ختاينى ئاجىزلىتىۋاتىدۇ دەپ قاراش توغرا ئەمەس، ھېچبولمىغاندا بۇنداق بىر يەكۈنگە بېرىشكە تېخى بالدۇر. چۈنكى ئۇرۇش (ھەم ئىران ئۇرۇشى ھەم ئۇكرائىنا ئۇرۇشى) ئاياغلاشقىنى يوق. ئەمەلىيەتتە ختاي ھازىر ئامېرىكىدىن ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە بولۇۋاتىدۇ، ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسەتلىرى ختايغا بۇ خەلقئارالىق مۇھىتنى يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنداق ب بىر خەلقئارالىق مۇھىتتا ختاينىڭ ئامېرىكىغا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى «ئۆزىنىڭ قولى بىلەن بۇنى باپلاش» (借刀杀人) ۋە «ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ھەممىنى قىلىش» (无为而无不为) دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

## ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ھەممىنى قىلىش (无为而无不为)

### ئۇرۇشنىڭ ماتېماتىكىسى

ختاينىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى بولغان ئامېرىكا ھەم رۇسىيەدە، ھەم ئىراندا ئۇرۇش قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. توقۇنۇش باشلانغاندىن بۇيان، ئامېرىكا، ئىسرائىلىيە ۋە ئىران پۈتۈن رايون مىقياسىدا ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنى قوزغىدى. «ئىقتىسادشۇناس» (The Economist) گېزىتىنىڭ خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يازما پۈتۈلۈۋاتقان ئۇشبۇ دەقىقىلەرگىچە ئىران ئۇرۇشىدا 1615 قېتىملىق ھۇجۇم ئېلىپ بېرىلغان ۋە بۇ ھۇجۇملاردا جەمئىي 2875 باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان قويۇپ بېرىلگەن. شۇنداقلا 208 ئىستراتېگىيەلىك ئورۇندا ئوت ئاپىتى كېلىپ چىققان. قازا قىلغانلارنىڭ سانى 1800 دىن ئېشىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 8 نەپەر ئامېرىكا ھەربىي خادىمى ۋە ئىراندىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە قىلغان ھاۋا ھۇجۇمىدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغان ئاز دېگەندىمۇ 175 نەپەر ئوقۇغۇچى بار.

ئىران ھۇجۇملاردا باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن بەكرەك درونلارنى ئىشلەتمەكتە. ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە بولسا ھۇجۇم مەركىزىنى ئەنئەنىۋى ھەربىي نىشانلاردىن مۇداپىئە سانائىتى ئەسلىھەلىرىگە، پورتلارغا ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىگە قاراتماقتا. ئىران رەقىب كۈچلەرگە ئاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە درونلارنىڭ سانىنى ئاشۇردى. توقۇنۇش باشلانغاندا ھەر بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا بىر درون ئەۋەتكەن بولسا، ھازىر بۇ نىسبەت بىرگە ئۈچ بولۇپ ئاشتى. ئۇسۇلنىڭ ئۆزگىرىشى غەلىبىگە ئېلىپ كەلمىدى. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، 10-مارتتىن باشلاپ، ئۇ 262 باللىستىك بومبا (بۇنىڭ ئىچىدە 260 ى توسۇپ قىلىنغان ياكى دېڭىزغا چۈشكەن)، 1475 ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان (1385 ى توسۇپ قىلىنغان) ۋە سەككىز دانە قاناتلىق بومبا (ھەممىسى توسۇپ قىلىنغان) نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. بەھرەينىگە 350 تىن ئارتۇق بومبا كىرگەن بولۇپ، كۆپىنچىسى توسۇپ قىلىنغان.

بۇ نۆۋەتتىكى ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرىگە نەزەر سالساق، ھازىرچە بۇ قۇرۇقلۇق ئۇرۇشى ئەمەس، بەلكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ھاۋا ئۇرۇشى»دۇر. باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئۇرۇشى قورال-ياراغنى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە خورىتىدۇ. ئامېرىكا مەركىزى قوماندانلىق ئىشتابى (CENTCOM) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئامېرىكا ئارمىيەسى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يەتتە كۈنىدىلا ئىران تەۋەسىدىكى 3000 دىن ئارتۇق نىشانگە زەربە بەرگەن. ئىرانمۇ بۇنىڭغا قايتۇرما زەربە سۈپىتىدە، رايوندىكى ئامېرىكا نىشانلىرىغا مىڭلىغان «شاھىد-136» (Shahed-136) درونى ۋە يۈزلىگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتتى.

مانا بۇ يەردە بىر ماتېماتىكىلىق ھېساب ئېلىپ بېرىش مەسىلىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئىراننىڭ «شاھىد» درونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئارانلا 20 مىڭدىن 50 مىڭ دوللارغىچە. ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بۇلارنى توسۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەرزان ئەمەس. AIM-9 باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى بىلەن قوراللانغان ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى بىرلا قېتىملىق زەربە ئۈچۈن 450 مىڭ دوللار سەرپ قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئايروپىلاننىڭ ھەر سائەتلىك 40 مىڭ دوللارلىق مەشغۇلات چىقىمىنى قوشۇش كېرەك. يەنى ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە ئىشلىتىۋاتقان ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ بىر سائەتلىك مەشغۇلات تەننەرخى بىر دانە «شاھىد» درونىنىڭ تەننەرخىگە باراۋەر.

تېخىمۇ قىممەت بولغان «پاترىئوت» (Patriot) مۇداپىئە بومبىلىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسى 3 مىليون دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، ئىراننىڭ باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. زاپاس ساقلىنىشى ئەڭ ئەندىشە قىلىنىۋاتقان قورال دەل مۇشۇ بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ۋە خەلقئارالىق تەتقىقاتلار مەركىزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى مارك كانسىيان (Mark Cancian) نىڭ قارىشىچە، بۇ بومبىنىڭ زاپىسى تېز خورىۋاتقانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

ئامېرىكىنىڭ 1000 دانە «پاترىئوت» بومبىسى بولۇپ، ئاللىقاچان 200 دىن 300 ئەتراپىدا ئىشلىتىلىپ بولغان. بۇنىڭغا ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىلىك قوراللارنى ياساشقا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. لوكخېد مارتىن ( Lockheed Martin) شىركىتى 2025-يىلى بىر يىلدا ئارانلا 620 دانە PAC-3 توسقۇچى بومبىنى ياساپ تاپشۇرۇپ بەرگەن. پاترىئوتنىڭ ئۆزى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، بىرىنى ياساشقا كەم دېگەندە ئىككى يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

ھازىر ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىۋاتقان قوراللارنىڭ ئەڭ ئىلغار بولغىنى «توماخاۋك» (Tomahawk) باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى بولۇپ، بۇ بومبىلار كېمە ۋە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان بولۇپ، يۈزلىگەن كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىشاننى ئېنىق ئۇرالايدۇ. ئەمما مەسىلە شۇ يەردىكى، بىر دانە توماخاۋكنىڭ تەننەرخى تەخمىنەن 4

مىليون دوللار كېلىدۇ. ھەربىي مۆلچەرلەرگە قارىغاندا، ئامېرىكا ئارمىيەسى بۇ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى 100 سائىتى ئىچىدىلا 168 دانە توماخاۋك بومبىسى ئاتقان. بۇ دېگەنلىك، پەقەت 4 كۈن ئىچىدىلا بىرلا خىل قورال سىستېمىسى ئۈچۈن 600 مىليون دوللار سەرپ قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئامېرىكا ئارمىيەسى يىللاردىن بۇيان قوراللارنى زاۋۇتلارنىڭ تولۇقلاش سۈرئەتلىرىدىن تېز خورىتىپ كەلدى. مەسىلەن، ئالدىنقى 5 يىلدا ئامېرىكا ئاران 322 دانە توماخاۋكقا ئىگە بولغان، ئەمما بۇ ئۇرۇشتا ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاران 2 ھەپتە ئىچىدە ئىشلىتىپ بولغان. THAAD سىستېمىسىمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك ئەھۋالدا. بۇ ئىلغار سىستېمىدىن يىلىغا ئاران 11 دانە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئالدىنقى يىلقى 12 كۈنلۈك ئۇرۇشتا، ئامېرىكا ئۆز زاپىسىنىڭ %25 نى ئىشلىتىپ بولغانلىقى بىلىنمەكتە. پېنتاگوننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى 6 كۈنىدىلا ئامېرىكا 11 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق چىقىم قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى ئوق-دورا ئۈچۈن كەتكەن. ئىراننىڭ درونلىرىدىن باشقا يەنە 3000 دىن ئارتۇق باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم. درونلارنى قوشقاندا ۋە بۇلارنى قىممەت بومبىلار بىلەن ئېتىپ چۈشۈرگەننى ھېسابلىغاندا، بۇ ئۇرۇش ھەم ئامېرىكىنىڭ قورال-ياراق زاپىسىنى ھەم ئىقتىسادىنى زور دەرىجىدە خورىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

يەنە كېلىپ ئىراننىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ھۇجۇملىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئاشقان (سەۋەبى ھەققىدە خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھ تېخنىكىسىنى ئىشلەتكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە). بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا باشقا رايونلاردىن، مەسىلەن كورېيەدىن THAAD (يۇقىرى بوشلۇقتىكى رايون مۇداپىئە سىستېمىسى) ۋە پاترىئوت (Patriot) ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمىنى جىددىي تۈردە چېكىندۈرمەكتە. ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي كورېيەدە جەمئىي بىر THAAD باشقۇرۇلىدىغان بومبا مۇداپىئە باتارېيەسى، شۇنداقلا 8 دىن 10 غىچە پاترىئوت ھاۋا مۇداپىئە باتارېيەسى بار بولۇپ، ھەتتا سېئۇل ھۆكۈمىتى بىلەن ھېچقانداق كېلىشىم تۈزۈلمەستىن ئىككى پاترىئوت باتارېيەسىنى يۆتكىگەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

شۇنداقتىمۇ، كورېيە پۈتۈنلەي مۇداپىئەسىز قالغىنى يوق. ئۇنىڭدا يەنە سەككىز دانە پاترىئوت ھاۋا مۇداپىئە باتارېيەسى، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ S-400 سىستېمىسى ئاساسىدا ياسالغان KM-SAM غا ئوخشاش دۆلەت ئىچىدە ئىشلەنگەن سىستېمىلار بار؛ بۇ سىستېمىلار يېقىندا ئوتتۇرا شەرقتە سىنالغان ۋە ئۈنۈمى ياخشى بولغان. كورېيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە Aegis جەڭ سىستېمىسى ۋە ئاتموسفېرا سىرتىدىكى باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى توسۇش ئىقتىدارىغا ئىگە SM-3 باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى بىلەن قوراللانغان پاراخوتلار بار.

شۇڭا يىللىق مۇداپىئە خامچوتى 900 مىليارد دوللارغا تەڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەربىي كۈچ قورال جەھەتتە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ دېگەن سوئال ھازىر سىياسىي ئانالىزچىلار، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، ھەتتا پېنتاگون ئىچىدىكى خادىملار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ.

ئازراق ئۈمىد بولسا يانۋاردىن باشلاپ، لوكخېد مارتىن شىركىتى بىلەن پاترىئوت PAC-3 ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى يىلىغا 600 دىن 2000 غا كۆپەيتىش كېلىشىمى ئىمزالانغان. شۇڭا 6-مارت كۈنى ترامپ بىر قانچە مۇداپىئە شىركەتلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ قورال-ياراق يېتىشمەسلىك ئەندىشىسى يوق دېگەن. شۇنداقتىمۇ بۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىتىش ئۇنچە ئاددىي ئەمەس.

ئانالىزچىلار ئامېرىكىنىڭ ئىران بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا قورال زاپىسىنىڭ تۈگەپ كېتىشىنىڭ ئېھتىماللىقى تۆۋەنلىكىدە كۆپ تالاش-تارتىش قىلىنمايدىغانلىقى مەلۇم. ئەمما ھەممىسى كەلگۈسىدىن ئەنسىرەيدۇ. ستىمسون مەركىزى (Stimson Center) ناملىق تەتقىقات مەركىزىنىڭ (think tank) يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى كېللىي گرىكو (Kelly Grieco) بۇ ھەقتە: «بۇ ئۇرۇشتا ھېچقانداق نەرسە تولۇق تۈگەپ كەتمەيدۇ، ئەمما مەسىلە شۇ يەردىكى... قولىمىزدا ئىنتايىن ئاز قورال-ياراق زاپىسى بىلەن قالىمىز، بۇ كەلگۈسى يىللاردا ھىندى-تىنچ ئوكيان، ياۋروپا، ھەتتا ئوتتۇرا شەرقتىكى تاللاشلىرىمىزنى چەكلەپ قويىدۇ» دېدى.

ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى زېلېنسكىيمۇ ئاللىقاچان بۇ ئەندىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئىتالىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى RAI غا: «ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە، ئامېرىكا ئۇكرائىناغا بېرىلىدىغان ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىلىرى ۋە بومبىلارنى ئازايتىپ قويۇشى مۇمكىن دېگەن ئەنسىزلىك بار،» دېگەن. سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېنمۇ Bloomberg غا بەرگەن زىيارىتىدە ئوخشاش ئاگاھلاندۇرۇشنى بەرگەن. ئۇ، ئىرانغا قاراتقان سىجىل ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ئامېرىكىنى رۇسىيە ۋە خىتايدىن كېلىدىغان تەھدىتلەر ئالدىدا ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان.

بۇ ئەندىشە تەيۋەن ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. بۇ دەل خىتاي ئۈمىد قىلىۋاتقان ئېھتىماللىقتۇر. ئىران ئۇرۇشى تەيۋەننى قوغداشتا مۇھىم بولغان قوراللارنىڭ زاپىسىنى ئازايتىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەيۋەنگە سېتىپ بېرىلىدىغان قوراللارنىڭ ئازلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى ئامېرىكىنىڭ بەلگىلىك مىقداردا قورال ياساش ئىقتىدارى بار. يەنە كېلىپ پۈتۈن ياۋروپا، ئۇكرائىنا، ھەتتا ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ قوراللىرىغا تايىنىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتايدا ھەربىي خىراجەت يىلدىن-يىلغا ئېشىپ بارماقتا. بېيجىڭدا خىتاينىڭ يىللىق ئەڭ چوڭ سىياسىي يىغىنى ئېچىلغاندا، باش مىنىستىر لى چياڭ بۇ يىللىق دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنىڭ 7% ئاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئېشىش نىسبىتى خىتاينىڭ 5% ئەتراپىدىكى ئىقتىسادىي ئېشىش نىشانىدىن يۇقىرى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي تەرەققىياتقا بولغان ئىزچىل دىققىتىنى گەۋدىلەندۈرمەكتە. يەنە كېلىپ خىتاينىڭ سانائەت ئاساسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، گەرچە قوراللارنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمدارلىقى جەھەتتە ئامېرىكىغا يەتمىسىمۇ، بۇ قوراللارنى ئامېرىكىغا قارىغاندا ھەم تېز، ھەم ئەرزان ياساپ چىقالايدۇ.

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى SOAS خىتاي تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور ستېۋ ساڭ (Steve Tsang) شى جىنپىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىلغار قوراللىرىنىڭ زاپىسىنىڭ تۈگىشىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى تېخى تولۇق تەييار بولمىسىمۇ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. چۈنكى ئامېرىكا ئارمىيەسى دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى توقۇنۇش سەۋەبىدىن چارچاپ، دىققىتى چېچىلىپ كەتكەن، قورال زاپىسى خورىغان بىر پەيت خىتاي ئۈچۈن ئىدىئال شارائىتتۇر. يەنە كېلىپ ترامپىنىڭ مەسىلىگە سودا مەنتىقىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئۇزۇن مەزگىللىك ئىستراتېگىيە بىلەن ئەمەس، بەلكى قىسقا مەزگىللىك ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، خىتاي بۇ ئىككى ئەھۋالنى تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبتىن خىتاينىڭ 2027-يىلى ئەتراپىدا تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنىڭ گېپى بولماقتا.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكىنىڭ ئايەتۇللاھ ئەلى خامېنېي ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا قاراتقان مۇۋەپپەقىيەتلىك سۇيىقەستلىرى، شۇنداقلا ۋېنېسۇئېلا پرېزىدېنتى نىكولاس مادۇرونىڭ قولغا ئېلىنىشى، ئامېرىكىنىڭ ئىستىخبارات ۋە ھەربىي ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ يۇكسەكلىكىنى نامايەن قىلدى. بۇ يېرىم ئەسىردىن بۇيان چوڭ ئۇرۇش قىلىپ

باقمىغان (ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسىدا يېڭىلگەن) خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك بىر سىگنال بولىدۇ. ئاۋسترالىيە دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي پەنلەر تەتقىقاتچىسى سۇڭ ۋېنتى (Wen-ti Sung) ئامېرىكىنىڭ ۋېنېسۇئېلا ۋە ئىران رەھبەرلىك قاتلىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يوقىتىش ھەرىكىتىنىڭ خىتاينىڭ «بۇ ئىش بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. مانا بۇ ئەندىشە خىتاينىڭ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئەڭ يېڭى دۆلەت بىخەتەرلىك نىزامنامىسىنى چىقىرىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر ئامىل خىتاينىڭ ئۆز قوراللىرىنىڭ ئىران ۋە ۋېنېسۇئېلادىكى ناچار ئىپادىسىدۇر. ۋېنېسۇئېلا سېتىۋالغان خىتاينىڭ ئىلغار رادار ۋە ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىلىرى ئامېرىكىنىڭ يوشۇرۇنۇش ئىقتىدارىغا ئىگە (stealth) ئايروپىلانلىرىنى بايقىيالمىغان. ئىراندىمۇ خىتاي ئۆزىنىڭ قوراللىرىنى سىناپ كۆرۈشى مۇمكىن.

| خەتەرلىك پۇرسەتپەرەسلىك تاللىشى — ھوجۇم قىلىش | ئېھتىياتچان تاللاش- ھوجۇم قىلماسلىق |
|---|---|
| ئامېرىكا قورال زاپىسىنىڭ ئازىيىشىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىش. | ئامېرىكىنىڭ ئىراندا كۆرسەتكەن «رەھبەرلىك قەتلىمىنى يوقىتىش» (Decapitation) زەربىسىدىن ئەنسىرەش. |
| ترامپنىڭ خەلقئارا ئىشلارغا «سودا» نۇقتىسىدىن قارىشىنى پۇرسەت بىلىش. | خىتاي قوراللىرىنىڭ ۋېنېسۇئېلا ۋە ئىراندا كۆرسەتكەن ئۈنۈمسىزلىكىدىن دەرس ئېلىش. |

ئەمما خىتاينىڭ ھەقىقەتەن تەيۋەننىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئېھتىياجى بارمۇ دېگەن سوئال ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئالدۇر. بۇ خىتاي ئۈچۈن ئاقىۋىتىنى پەرەز قىلىش قىيىن بولغان بىر مەسىلە، چۈنكى ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەك تەس. خىتاي تەيۋەن بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش قىلالمايدۇ، ئەمما قىسقا ۋاقىتتا تەيۋەننى ئالالىشىنىڭ كاپالىتى يوق. بۇ ئايرىم چوڭ تىما بولغاچقا بۇ يەردە تەپسىلىي توختالغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئامېرىكىنىڭ ھەر جەھەتتىن خورىشى خىتاينى تەيۋەن ۋە خەلقئارا مەسىلىلەردە تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىدۇ. يەنە كېلىپ خىتاي تەيۋەننى ئالمىسىمۇ ئامېرىكىنى ئاجىزلىتىۋەتسە بولىدى. ئەسلىدىنلا تەيۋەننى ئېلىشنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرىمۇ ئامېرىكىنى ئاجىزلىتىش. بۇ يىلمۇ خىتاي زۇڭتۇڭلىسى لى چياڭنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ئاخىرقى بەتلەردە ئورۇن ئېلىشى ۋە ئاساسلىق دىققەتنىڭ خىتاينىڭ چېكىنىۋاتقان ئىقتىسادى، ئىشسىزلىق ۋە ئۆي-مۈلۈك بازىرىدىكى كرىزىسلارغا مەركەزلىشىشى بېيجىڭنىڭ ھازىرچە تەيۋەن ئۇرۇشىغا كىرمەيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا. بۇنىڭ ئۈستىگە نۆۋەتتە خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئىچىدىكى «تازىلاش» ھەرىكەتلىرىنىڭ داۋاملىشىشى ئارمىيەنىڭ جەڭگە تەييارلىقىنى كەينىگە سۈرۈۋېتىدۇ.

## ئۇنىڭ قولى بىلەن بۇنى باپلاش ۋە بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈش

Middle East Eye تورىغا مەسىلىدىن خەۋەردار ئۈچ نەپەر ئەمەلدارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئامېرىكا ئىرانغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي ئىرانغا قوشۇمچە «مۇداپىئە» قوراللىرى بىلەن بىرگە «ھۇجۇم خاراكتېرلىك» قوراللارنىمۇ يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. قورال يەتكۈزۈش ئەھۋالىدىن خەۋەردار بىر رايونلۇق ئاخبارات ئەمەلدارى بېيجىڭنىڭ ئىرانغا «ئاستا ئۇچار بومبا» (loitering munitions) ياكى كامىكازى درونلىرى، ھۇجۇم خاراكتېرلىك قوراللار شۇنداقلا ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىلىرىنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىنى دەلىللىگەن. خىتاي

دۇنيادىكى ئۇچقۇچسىز ئايروپىلان زاپچاسلىرىنىڭ تەخمىنەن 80% نى تەمىنلەيدىغان بولۇپ، ھەتتا ھەم رۇسىيە ھەم ئۇكرائىنانىڭ تەمىنلىگۈچىسىدۇر، شۇڭا ئۇ ئىراننى تەييار كامىكازى درونلىرى بىلەن تېز سۈرئەتتە تەمىنلىيەلەيدۇ.

يەنە Middle East Eye نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇلتۇرقى ئىسرائىلىيە ۋە ئىران ئوتتۇرىسىدىكى 12 كۈنلۈك ئۇرۇشتىن كېيىن، خىتاي ئىرانغا يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا باتارېيەلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. بۇنىڭدىن سىرت، ئىككى ئەرەب مەنبەسى ۋە بىر رايونلۇق ئاخبارات ئەمەلدارى خىتاينىڭ بۇلتۇر يازدىن بۇيان ئىراننى HQ-16 (قىزىل بايراق 红旗) ۋە HQ-17AE (قىزىل بايراق 红旗) قاتارلىق ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

رويتېرس ئاگېنتلىقى بۇ ھەپتە خىتاينىڭ ئىرانغا CM-302 تىپلىق پاراخوتقا قارشى قاناتلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا بېرىش ئۈچۈن سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. CM-302 پاراخوتتىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن قويۇپ بېرىلىدىغان بولۇپ، مۇساپىسى تەخمىنەن 290 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قورال ئەرەب دېڭىزىدىكى ياكى ئىران قىرغاقلىرىغا يېقىن ئومان قولتۇقى ۋە پارس قولتۇقىدىكى ئامېرىكا پاراخوتلىرىنى نىشانلىيالايدۇ.

رايونلۇق ئاخبارات مەنبەسى MEE غا ئىككى دۆلەتنىڭ يەنە ئىراننىڭ خىتاينىڭ DF-17 تىپلىق ئاۋازدىن تېز سىيرىلغۇچ باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنى سېتىۋېلىش مەسىلىسىدە سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. گەرچە ئىراننىڭ باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ مۇساپىسى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما DF-17 نىڭ مانېۋىرچانلىقى تېخىمۇ ياخشى بولۇپ، ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

يانۋارنىڭ بېشىدا ۋېنېسۇئېلادىكى سابىق رەھبەر نىكولاس مادۇروغا قارىتىلغان ھەربىي ھەرىكەتنىڭ تېز سۈرئەتتە غەلىبە قىلىشى، ئىسرائىلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىراندىكى ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى، يەنى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىراننى سەل چاغلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ ئېلىپ بارغان ھۇجۇمى ئەسلىدە ئىنتايىن غەلىبىلىك بولغان بولۇپ، ئىراننىڭ ئالىي دىنىي داھىيسى ئەلى خامېنېئىنى ۋە نۇرغۇنلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك مۇھىم ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئادەتتە بۇنداق ئەھۋالدا كۆپىنچە ھاكىمىيەتلەردە ئېغىر بۆلۈنۈش ۋە ئاجىزلاش بولىدۇ. ئەمما ئىران ياراتقان ھاكىمىيەت سىستېمىسى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىدى.

بۇ ھالەت ئەگەر نىشان ئىراندا ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا، پەقەت ھاۋا كۈچىلا ھاكىمىيەتنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇڭا قۇرۇقلۇق ھەرىكىتى زۆرۈر بولۇپ كۆرمەكتە. ئەمما قۇرۇقلۇق جېڭىدە ئىران ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى قۇرۇقلۇقتا ئىران يالغۇز ئەمەس. ئىران ھەر خىل قوراللىق ھەرىكەتلەرنى (بۇنىڭ ئىچىدە تېررورلۇقمۇ بار) پىلانلاش ۋە مالىيە بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن يىلىغا بىر مىليارد دوللاردىن ئارتۇق چىقىم قىلىدۇ. ئافغانىستان، غەززە، لىۋان، پاكىستان، سۈرىيە ۋە يەمەن قاتارلىق رايونلاردا «قۇددۇس قىسمى» بىلەن ھەمكارلىشىدىغان 140 مىڭدىن 185 مىڭغىچە شېرىك قوراللىق كۈچلەر مەۋجۇت.

ئىران «ئىسلام ئىنقىلابى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى» (IRGC) نىڭ خەلقئارالىق قانات قىسمى بولغان «قۇددۇس قىسمى» ئارقىلىق شىئە قوراللىق كۈچلىرىنى شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەسىگە پايدىلىق بولغان باشقا قوراللىق كۈچلەرنى داۋاملىق قوراللاندۇرۇش، تەربىيەلەش ۋە ئۇرۇشقا سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. مەزكۇر قىسىم سۈرىيەدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق شىئە جەڭچىسىنى تەربىيەلىگەن ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. شۇنداقلا

ئىران پەلەستىن قوراللىق گۇرۇپپىسى بولغان «خاماس»نى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەربىي جەھەتتىن يۆلەپ ۋە تەربىيەلەپ كەلمەكتە. «قۇددۇس قىسمى» يەنە لىۋاندىكى ھىزبۇللاھنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكى بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىنى ئىلغار قوراللانغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلار بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە. يەمەندە بولسا ھۇسىي قوراللىقلىرىنى قوللاپ باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلارنى يەتكۈزۈپ بەردى، شۇنداقلا ئىراقتىمۇ شىئە قوراللىق گۇرۇپپىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇلارنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشىگە ياردەم بەردى.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، بۇ ئۇرۇش ئىران ۋە ئۇنىڭ ۋەكىل كۈچلىرىگە شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەگە نىسبەتەن ئوخشىمايدىغان مەناغا ئىگە. ئىران تەرەپ كۈچلۈك رەقىبكە قارشى ھايات-ماماتلىق جەڭ قىلىدۇ، شۇڭا قاتتىق جەڭ قىلىشقا ۋە چوڭ بەدەل تۆلەشكە يېتەرلىك سەۋەبى بار. ئىسرائىلىيە ۋە ئامېرىكا تەرەپ بولسا دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارانىڭ بېسىملىرى تۈپەيلىدىن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ ئۆلۈپ كېتىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەدبىر ئۆزلىرىگە قوراللىق ۋاكالەتچى قىسىم تېپىشى كېرەك، ئەمما ھازىرغىچە كۈرتلار توغرىسىدا بەزى گەپ-سۆزلەر بولغاندىن سىرت ئەمەلىي ئىلگىرىلەش يوق. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ 5000 ئەسكىرىنى تەييارلاۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر بار. ئەگەر ئىران بىلەن تېز سۈرەتتە ئۇرۇش توختاتماي قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىنى باشلاپ قالسا، بۇ ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ ئىران تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن قورشالغان، دۆلەت ئىچىمۇ تاغلىق ۋە ئېگىزلىك يەر شەكلىدىن تەركىب تاپقان دۆلەت بولۇپ، سىرتتىن كىرىش ۋە ئىشغال قىلىش ئىنتايىن قىيىن. بۇ جەھەتتە يەر شەكلى تۈپتۈز ئىراققا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە ئىران ئون نەچچە يىللىق قانلىق ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن تەجرىبىلىك ئەسكەرلەرگە ئىگە. يەنە كېلىپ بىۋاستە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئىستراتېگىيەلىك پىلانلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئەسكىرىي قىسىم ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئىران ئارمىيەسى تالىبان ۋە ھىزبۇللاھتىنمۇ كۆپ تەجرىبىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئىلغار قورال ۋە ئىستراتېگىيە مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئەمما يۇقىرىدىكى ئامىللارنى ئويلاشقاندا، ئىران بۇرۇن ئامېرىكا ئۇرۇشۇپ باققان باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدۇ.

بۇ ئەھۋال خىتاي ئۈچۈن تولىمۇ ئىدىئال بىر پۇرسەتنى سۇنىدۇ. خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق (كىرسە ئامېرىكىنى يېڭەلمەيدۇ). ئەمما كىرمەي يەڭگىلى بولىدىغان ياخشى پۇرسەت تۇغۇلۇشى مۇمكىن. يەنى خىتاي مەبلەغنى ئىرانغا سالسا ئامېرىكىنى زور دەرىجىدە خورىتالايدۇ. ئىرانغا ئاشكارا ياكى مەخپىي شەكىلدە (بۇنى چاۋشىيەن ئارقىلىق قىلالايدۇ) قورال سېتىپ بەرسە، سۇنئىي ھەمراھ ياردىمى بىلەن تەمىنلىسە ۋە ئىقتىسادىي ياردەم قىلسا يېتەرلىك. نەتىجىدە ئىران ئۇرۇشتا يەڭمىسىمۇ بولىدۇ، ھەتتا يېڭىلسىمۇ خىتاي يەنىلا يەڭگەن بولىدۇ. چۈنكى ئىران بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكىنى يېڭەلمەيدۇ، سەۋەبى ئامېرىكا باشقا بىر قىتئەدە ۋە ئىراننىڭ بۇنداق كۈچى يوق. ئەمما ئامېرىكىنىڭمۇ ئىراننى يېڭەلىشى ناتايىن. ھازىرمۇ ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە ھۇجۇملاردا غەلىبە قىلىۋاتىدۇ. بۇنى كىم قانچىلىك زىيان تارتتى دېگەننى ھېسابلىسىلا چىقىدۇ. ئەمما ھۇجۇملاردا غەلىبە قىلىش جەڭدە غەلىبە قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئامېرىكا ۋيېتنامدا ۋە ئافغانىستاندا ئاساسەن پۈتۈن ھۇجۇملاردا غەلىبە قىلدى، ئەمما قارشىسىدىكى رەقىبىنى يوق قىلالمىدى ۋە جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. بۇنى خىتاي-ئامېرىكا رىقابىتىگە تەدبىقلاشقىمۇ بولىدۇ. خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ئۈچۈن ئامېرىكىنى جەڭدە يېڭىشى ھەتتا بىۋاستە ئۇرۇش قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئامېرىكىنىڭ كۈچىنى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن خورىتىۋەتسىمۇ نەتىجە يەنىلا ئوخشاش. شۇڭا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىران ئۇرۇشىدىن ئەڭ كۆپ پايدا ئالىدىغان تەرەپ خىتاي بولىدۇ.

شۇڭا خىتاينىڭ ئىران ئىستراتېگىيەسى ئاساسلىقى ئامېرىكىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىش، ئىقتىسادىنى خورىتىش، قورال-ياراق زاپىسىنى ئازايتىش ۋە خەلقئارالىق ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش بولىدۇ. بىۋاستە ئۇرۇشقا كىرمىگەن خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازى «تىنچلىقپەرۋەر» چوڭ دۆلەت بولىدۇ؛ ئىچكى جەھەتتە بولسا، خۇددى ۋاڭ يى بىر مېدىياغا ئىران ئۇرۇشى ھەققىدە سۆزلىگەندەك خىتايلار «دۇنيا ئۇرۇش-تالاش بىلەن تولغان، ئەمما بىز تىنچ ۋە بەھرامان دۆلەتتە ياشاۋاتىمىز» دەپ قارايدۇ ۋە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىگە بولغان قوللىشى كۈچىيىدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن خىتاي «ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ھەممە ئىشنى قىلىپ بولىدۇ.»

ئەڭ ئاخىرىدا، ئىراننىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا خىتاي بىلەن بولغان سودا ھەجىمى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئىران ئۇرۇشى خىتاي ئىقتىسادى ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولىدۇ دەپ قارىلىشى مۇمكىن. قىسقا مەزگىللىك ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدۇ، ئەمما خىتاي بۇنى ناھايىتى تېزلا ئورنىنى رۇسىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىراق، بىرازىلىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئومان ۋە نىگېرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ نېفىتى بىلەن تولدۇرالايدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


- Bhole, O. (2023, July 7). China's «partnerships» with the world. ORCA
- Hass, R., & Matthias, A. (2026, January 27). How is China positioning itself as Iran's regime teeters? Brookings Institution
- Firstpost. (2026, February 28). West Asia plunges into war after Israel and the US bomb Iran | Vantage with Palki Sharma [Video]. YouTube
- Firstpost. (2026, March 6). Is the Pentagon running low on missiles? The numbers explained | Vantage with Palki Sharma [Video]. YouTube
- Aydogan, M. (2026, March 7). China weighing financial aid, weapons components for Iran amid war: Report. Anadolu Agency
- Kuang, W. (2026, March 8). 'People confuse China's policy': Behind Russian, Chinese view on war in the Middle East. SBS News
- Saperstein, D. (2026, March 9). Iranian ships leave Chinese port with suspected missile fuel during war – report. The Jerusalem Post
- McCartney, M. (2026, March 11). Ships might be carrying Chinese missile material to Iran. Newsweek
- Atlantic Council. (2026, March 11). Twenty questions (and expert answers) about the Iran war
- Center for Preventive Action. (2026, March 13). Iran's war with Israel and the United States. Global Conflict Tracker

- Defense Express. (2026, March 13). U.S. urgently pulling THAAD and Patriot air defense systems from South Korea — essentially a gift to Kim Jong Un
- Taiwan Talks. (2026, March 14). Iran War: What China is learning | Taiwan Talks EP792 [Video]. YouTube
- Firstpost. (2026, March 14). Why Iran's proxy network isn't joining the West Asia war | Vantage with Palki Sharma [Video]. YouTube

## ماقالىنىڭ ئۇلانمىسى:

https://orhunpolicycenter.com/uy/2026/03/16/iran_urushi_xitay-amerika_riqabitide_qandaq_qilip_xitay_uchun_hich_ish_qilmay_turup_hemmini_qilish/

ئۆتۆكەن سىياسەت تەتقىقات مەركىزى

ÖTÜKEN POLICY CENTER

2026-يىلى 3-ئاينىڭ 16-كۈنى